## 166428 ـ ئاتا ـ ئانىسى قىزىنى تۇغماسلىققا بۇيرىسا ئۇلارغا بوي سۇنۇش ۋاجىپ بولمايدۇ

### سۇئال

بىر ئايال ئۆچىنچى بىر پەرزەنتلىك بولماقچى بولۇپ ئىرىگە مەسلىھەت سالسا، ئەر: سىزنىڭ خالىغىنىڭىزچە بولسۇن دەيدۇ، ئەر-ئايال ئىككىلىسى پەرزەنتلىك بولۇشنى ياقتۇرىدىكەن، ئەمما ئايالنىڭ ئانىسى بۇنى رەت قىلىپ قىزىنى تۇغماسلىققا تەۋسىيە قىلىپ جىدەللىشىدىكەن، ھەتتا بۇ سەۋەپتىن ئۇ ئايال قىزى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزمەكچىمۇ بولىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ قىزغىنلىقى بىلەن تۇغامدۇ ياكى ئانىسىغا ئىتائەت قىلىپ، تۇغۇشنى تەرك قىلامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن؟.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

بىرىنچى: ئىسلام شەرئىتى نەسلىنىڭ كۆپ بولۇشىغا قىزىقتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا تەرغىب

قىلىش پرىنسىپىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. چۈنكى ئۈممەتنىڭ غالىبلىقى ۋە كۈچ-قۇدرىتىنىڭ چۈملىسىدىن؛ ئۇلارنىڭ سانىنىڭ كۆپ بولۇشى، شۇنداقلا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قىيامەت كۈنىسى ئۈممىتىنىڭ كۆپلىكى بىلەن پەخىرلىنىش ھاسىل بولىدۇ. مەقەل ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: مېھرى مۇھەببەتلىك، تۇغۇمچان ئاياللار بىلەن توي قىلىڭلار، چۈنكى مەن باشقا ئۈممەتلەر ئارىسىدا سىلەرنىڭ كۆپلۈكىڭلار بىلەن پەخىرلىنىمەن. [بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانىئىرۋائول غەلىل ناملىق ئەسەرنىڭ 1784- بېتىدە سەھىھ دەپ قەيت قىلىدۇ].

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين -ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن- يۇقىرىقى ھەدىس توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: "مۇسۇلمانلار تاقىتى يەتكىچە نەسلىنى كۆپەيتىشكە تىرىشىشى لازىم. چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام «مېھرى مۇھەببەتلىك، تۇغۇمچان ئاياللار بىلەن توي قىلىڭلار، چۈنكى مەن باشقا ئۈممەتلەر ئارىسىدا سىلەرنىڭ كۆپلۈكىڭلار بىلەن پەخىرلىنىمەن» دىگەن سۆزى بۇنى كۆرسىتىدۇ. ھەم نەسلىنىڭ كۆپلۈكى ئۈممەتنىڭ كۆپلىكىدۇر، ئۈممەتنىڭ كۆپلۈكى ئۇلارنىڭ غالىبلىقىنىڭچۈملىسىدىندۇر.

ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىل قەۋمىگە ئۆزىنىڭ نىبمىتىنى ئەسلىتىپ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: وَجَعَلْنَاكُمْ أَكْثَرَ نَفِيرًا تەرجىمىسى: سانىڭلارنى كوپ قىلدۇق [سۈرە ئىسرا 6- ئايەتنىڭ بىرقىسمى].

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە شۇئەيىب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمىگە مۇنداق دىگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: وَاذْكُرُوا إِذْ كُنتُمْ قَلِيلًا

فَكَثَّرَكُمْ تەرجىمىسى: ئەسلىدە سىلەر ئاز ئىدىڭلار، ئاللاھنىڭ سىلەرنىڭ سانىڭلارنى كۆپەيتكەنلىكىنى ياد ئېتىڭلار. [سۈرە ئەئراپ 86- ئايەت].

ھېچقانداق ئادەم بىرەرئۈممەتنىڭكۆپلۈكى شۇ مىللەتنىڭغالىبلىقى ۋە كۈچ-قۇدرىتىنىڭ سەۋەبى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلمايدۇ. ئۈممەتنىڭ كۆپلۈكى ئۇنىڭ يېقىر ۋە نامراتلىقىنىڭ سەۋەبى دەيدىغان ئادەملەر مەسلىنى خاتا تەسەۋۋۇر قىلغۇچىلاردۇر". [ئىسلام پەتىۋالىرى 3- توم 190- بەت].

ئىككىنچى: ئاتا-ئانىنىڭ قىزىنىڭ پەرزەنتلىك بولۇشىنى تەرك قىلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىغا ئىتائەت قېلىشى ۋاجىپ بولمايدۇ. چۈنكى بۇنىڭ ئىككى سەۋەبى بۇلۇپ:

بىرىنچى سەۋەپ: نەسلىنى كۆپەيتىشنى چەكلەش بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرىقىغا خىلاپتۇر.

ئىككىنچى سەۋەپ: نەسلى قالدۇرۇش ئەر- ئاياللارنىڭئورتاقھوقۇقىبۇلۇپ،ئۈچىنچى بىرشەخسنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلىشىۋېلىشى توغرا بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئايال ئانىسىغا مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلىشى ۋە ئەڭ گۈزەل مۇئامىلىدە بولىشى كېرەك.

ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئاللاھدۇر.